# 65506 - ئۇلار كىشىلەرنىڭ مەسچىدكە كىرىشىگە قىزىقىپ ، ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ كىتىشىگە يول قويىۋىۋاتىدۇ.

## سوئال

رامىزان مەزگىلى مەسچىتىمىزدە ئىپتاردىن بىر ئاز بۇرۇن ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ كىتىشى يۈز بىرىدۇ . بۇ ئىش نەچچە يىلدىن بىرى داۋاملىشىۋاتىدۇ . مەسچىت باشقۇرغۇچىلار ئەگەر ئۇلار كىشىلەرگە قىلماقچى بولغىنىنى قىلغىلى قويىمسا ، ئۇلارنىڭ مەسچىتكە كەلمەيدىغانلىقىنى بانا قىلىشتى . يەنە تىخى ، تەراۋىيھتا يۈز بىرىدىغان بىر نەچچە بىدئەتلەر بار ، مەسلەن : ئۇلار تەراۋىيھنىڭ ھەر تۆت رەكئىتىدىن كيىن تەسبىيھ ئېيتىدۇ . بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ماڭا كۆرسىتىدىغان قانداق نەسىھەتىڭلار بار ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە

ئاللاھقا بولسۇن .

بىرىنچى :

ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كىتىشى ھارام . چۈنكى ئۇ نۇرغۇن سەلبى ئاقىۋەتلەرنى ۋە ھارام ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . 1200-سوئالنىڭ جاۋابىدا ئارىلىشىپ كىتىشنىڭ چەكلىنىشىدىكى دەلىللەر ئوتتۇرغا قويۇلۇپ بولدى .

ئارىلىشىپ كىتىش ھەر بىر ۋاقىت ۋە ھەربىر ئورۇندا چەكلەنگەنكەن ، ئۇنداقتا ئۇ ئىش رامىزان ئىيىدا مەسچىدلەردە يۈز بەرسە چەكلىنىش تىخمۇ تەكىتلىنىدۇ . چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش ۋە ئۇلارنى بۇزۇق ، رەزىل ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەشتىن ئىبارەت مەسچىتلەرنىڭ قۇرلىشىدىكى شەرئەت مەقسەتلىرىگە زىت . ھەمدە ئۇ تەقۋالىققا ئىرىشىش ، نەپسى خاھىشلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت روزا تۇتۇشتىكى ھىكمەتكە زىت .

بارلىق مەسچىت كىشىلىرىنىڭ بۇ يامان ئىشنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇنى يوقۇتۇشقا تىرىششى ۋاجىپ . مەسچىتنى باشقۇرغۇچىلار بۇنىڭغا ئالاھىدە مەسئۇل .

ھىچكىمنىڭ ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كىتىشنى مەنئى قىلساق ، بىر قىسىم كىشلەرنىڭ مەسچىتكە كەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ بۇ يامان ئىشنى ئاقلاشقا ياكى ئۇنىڭغا سۈكۈتتە تۇرىشقا بولمايدۇ . بۇ بىر نەچچە جەھەتتىن رەت قىلىنىدۇ :

1- يامان ئىشنى ئىنكار قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن سۈكۈتتە تۇرۇش

گۇناھ . پەيغەمبەر(ئاللاھنىڭ ئىرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) : **« سىلەردىن كىمكى بىر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن ، ئەگەر قىلالمىسا تىلى بىلەن بولسۇن ، ئەگەر قىلالمىسا دىلى بىلەن بولسۇن . ھەمدە ئۇ ئەڭ ئاجىز ئىمان . »**
[ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 48 ]
ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ مەسچىتكە كىلىشى ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىغا سەۋەپ بولۇشىنى خالىمايدۇ .
2- مەسچىتنىڭ ئوينايدىغان ئەڭ مۇھىم رولى- كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىش ، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش . شۇڭا مەسچىتنى باشقۇرغۇچىلار كىشلەرگە ئۆز-ئارا ئارلىشىپ كىتىشنىڭ ھاراملىقنى چۈشەندۈرشى ھەمدە ئۇنى قىلىشتىن توختىتىشى كىرەك .

3- بۇ كىشلەر مەسچىتكە ھەرگىز كەلمەيدۇ دىيىش پەقەتلا پەرەز . ھەتتا بىز شۇنداق بولدۇ دەپ پەرەز قىلساق ، ئالىملار ئارىسىدىكى قارالما شۇكى ، يامان ئىشتىن ساقلىنىش ياخشى ئىشنى پەيدا قىلىشتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ .
4- ئاياللارنىڭ ئىپتاردىن بۇرۇن يىغىلىشى ئۈچۈن ئايرىم جاي قۇرۇلسا بولىدۇ ، ئۇ مەيلى مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ، ياكى سىرتىدا، چېدىردا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىدە بولسۇن . ھەمدە ئۇلارغا كىرەكلىك پروگراممىلار ۋە پايدىلىق ئىشلار تەمىنلەنسە بولىدۇ ، ھەمدە ئۇ ئاياللارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بولۇشى كىرەك .
5- دەۋەت قىلغۇچى ئىشلارنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر كۆرستەلەيدىغان ۋە ئۇنى تۈزەشكە كۈچ چىقىرالايدىغان بولۇشى ، ئىشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى ،ياكى ئۇنى ئاقلاشقا ئىزدەنمەسلىكى كىرەك .
ئارلىشىپ كىتىش بولسا بىز ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن پەيدا بولغان بىر مەسىلە . ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چوقۇم كۈچ چىقىرلىشى كىرەك .
ئەگەر بىرىنچى قەدەم ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدە ئىلىنمىسا ، ئۇنداقتا قەيەردىن باشلايمىز ؟!
سىز مەسئۇل كىشلەرنى قايىل قىلىشقا بىر نەچچە قېرىنداشلىرىڭىز بىلەن خىزمەت ئىشلەڭ ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ يىغىلىشىغا مۇۋاپىق جاي ھازىرلىشىغا ، ھەمدە ئاياللارغا مۇۋاپىق كىلىدىغان پروگراممىلارنى ھازىرلىشىغا ياردەملىشىڭ .
ئاللاھتىن تىرىشچانلىقلىرىڭىزنى مۇۋەپپىقيەتلىك ۋە ئوڭۇشلۇق قىلىشنى سورايمىز .

ئىككىنچى :

تەراۋىھنىڭ ھەر تۆت رەكتىدىن كېيىن تەسبىھ ئېيتىش ھەققىدىكى سۆزىڭىزگە كەلسەك ، بىز ئۇنى 50718- سۇئالنىڭ جاۋابىدا ئۇنىڭ قىلماسلىقتا تىگىشلىك بىر بىدئەتلىكىنى بايان قىلدۇق .

پېشىۋا ئىبنۇ باز ( ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) دىن:

تەراۋىھنىڭ رەكەتلىرى ئارىلىقىدا پەيغەمبەرگە ئاللاھنىڭ تەرىپىلىشى ۋە ئامانلىقىنى سوراپ ھەمدە ئاللاھنىڭ توغرا يوللۇق خەلىپىلەردىن رازى بولۇشىنى تىلەپ ئاۋازىمىزنى كۆتۈرىشىمىزنىڭ ھۆكمى نىمە ؟ دەپ سورالغاندا ، ئۇ جاۋاپ بىرىپ مۇنداق دىگەن : ” بىلىشىمىزچە ، شەرىئەتتە ئۇنىڭغا ئاساس يوق ، بەلكى ئۇ بىر بىدئەت ھەمدە قىلىنماسلىقى كېرەك . بۇ ئۇممەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىشلىرىنى پەقەت دەسلەپكى ئەۋلادلارنىڭ ئىشلىرىنى تۈزىگەن نەرسىلا تۈزىيەلەيدۇ ، ئۇ بولسا قۇرئان ۋە سۈننەتكە ، ھەمدە بۇ ئۇممەتنىڭ دەسلەپكى ئەۋلادلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىش ، ھەمدە ئۇنىڭغا زىت نەرسىلەردىن ساقلىنىش . ”

تۈگىدى .

[ ئىبنۇ باز فەتىۋالار توپلىمى ، 11369 ]

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .